PUBLISHED BY EASTERN TURKESTAN (UYGHURISTAN) NATIONAL CONGRESS

# ئىستىقلال
# ISTIKLAL

قوش ھەپتىلىك
سىياسىي - ئىلمىي گېزىت

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئورگان گېزىتى

2001 - يىلى 3 - ئاي
27 - سان

## قىرغىزىستان سوت مەھكىمىسىنىڭ 3 نەپەر ئۇيغۇر ياشنى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلغانلىقى چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى

ئۆز خەۋىرىمىز: بۇيىل 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قىرغىزىستان سوت مەھكىمىسى ئوش ئوبلاستىدا 4 نەپەر ئۇيغۇر ئۈستىدىن سوت ئېچىپ، ھېچبىر دەلىل - ئىسپات بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئەسقەر توختى، ئەخمەت گۈنەن، بەھرەمجان ئەخمەت قاتارلىق ئۇيغۇر ياشلىرىغا « تېرورىست » دىگەن بۆھتان بىلەن ئۆلۈم جازاسى، ئەلى مەسۇمگە 25 يىللىق قاماق جازاسى بەرگەن ئىدى. قىرغىزىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قىلمىشى چەتئەللەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ، ئۇيغۇر جامائىتىنىڭ ۋە دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى قوزغىدى.



( داۋامى 2 - بەتتە )

## مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ئىنتېرنېت سەھىپىسى ئېچىلدى

East Turkestan (Uyghuristan)



مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ئىنتېرنېت سەھىپىسىنىڭ باش بېتى

مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ئىنتېرنېت سەھىپىسىنىڭ باش بېتى

National Congress



http://www.eastturkistan.com

ئۆز خەۋىرىمىز: « شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » مەركىزى ئورگىنىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسۈتىشى نەتىجىسىدە مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ئىنتېرنېت سەھىپىسى رەسمى ئېچىلىپ، بۇيىل 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن ئېتىبارەن دۇنيا ئىنتېرنېت تورىدا ئىنگلىز تىلىدا قۇرۇلتاي ۋە شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە مەلۇمات تارقىتىشقا باشلىدى. (داۋامى 2 - بەتتە)

## ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرى بىرلىكى خەلقئارالىق مۇكاپاتقا ئېرىشتى

نيو - يورك غۇلامىدىن پاختا خەۋىرى: ئامېرىكىدىكى ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش تەشكىلاتى 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ۋاشىنگتوننىڭ « ئەركىنلىك سارىيى» دا ئوتكۈزۈلگەن يىغىندا، مىللىي قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى« ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرى بىرلىكى» قاتارلىق خىتاي كومۇنىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا سىياسىي ۋە دىنىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان خەلقلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى قوغداش يولىدا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان 5 تەشكىلات مۇكاپاتلاندى.

(داۋامى 3 - بەتتە )

## مىللىي قۇرۇلتاي ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلار نېپالدىكى ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن جىددى ھەرىكەتكە ئۆتتى

ئۆز خەۋىرىمىز: يېقىندا شەرقىي تۈركىستاندىكى مۇستەقىللىق كۈرەشچىلىرىنىڭ 10 نەپەر ئەزاسى يوشۇرۇن ھالدا نېپالغا قېچىپ چىققان ۋە بۇلارنىڭ ئىچىدىكى 6 نەپىرى نېپال ساقچىلىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. نېپالدا ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان بۇ ئۇيغۇر ياشلىرى « شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » مەركىزى ئورگىنى بىلەن ئالاقىلىشىپ ياردەم تەلەپ قىلغان ئىدى. 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنى قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى »، « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى »، « گېرمانىيە ئىنسان ھەقلىرى تەشكىلاتى » ... قاتارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا، ئۇيغۇرلارغا ھېسداشلىق قىلىۋاتقان مىللەتلەرنىڭ ۋەكىللىرىگە ۋە قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى

3 - بەتتە

## ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ شىنجىن شەھىرىدە نامايىش ئۆتكۈزدى

تولۇق تېكىستى 5 - بەتتە

« ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرى بىرلىكى » 1998 - يىلى 23 - مايدا 3 - 4 تەشكىلاتنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن « ئۇيغۇر » ئىسمىگە لايىق ئۇيۇشۇپ، بىرلەشمە تەشكىلات ئاساسىدا ۋاشىنگتوندا ۋۇجۇتقا كەلگەن ئىدى.

# مىللىي قۇرۇلتاي ۋە خەلقئارا تەشكىلاتلار نېپالدىكى ئۇيغۇرلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن جىددى ھەرىكەتكە ئۆتتى

( بېشى 1 - بەتتە )

« ئامېرىكا ئۇيغۇرلار بىرلىكى » گە جىددى مۇراجەتنامە يوللاپ ۋە تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئۇلارغا نېپالدىكى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە تەپسىلى ئىزاھات بېرىش بىلەن بىرگە، بۇ ياشلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىشقا ۋە ئۇلارنى باشقا بىخەتەر ئەللەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىشكە چاقىردى. مىللىي قۇرۇلتاينىڭ مۇراجەتىدىن كېيىن، بەزى خەلقئارالىق تەشكىلاتلار نېپالدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىشقا ۋە نېپال ھۆكۈمىتىدىن، بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. ھەتتا بەزى ئاممىۋى تەشكىلاتلار نېپالدىكى ئۇيغۇر ياشلىرىغا ئىقتىسادى جەھەتتىن ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىئانە توپلاشقا كىرىشتى.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، نۆۋەتتە نېپالدا ۋاقىتلىق تۇرىۋاتقان 10 نەپەر ئۇيغۇر ياشنىڭ ھەممىسىلا خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن تۇتۇش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلۈپ، ھەر تەرەپتە جىددى ئاختۇرۇلۇۋاتقان مۇجاھىتلار بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا ساقلىنىش پەقەت مۇمكىن بولمىغاچقا، تۈرلۈك - تۈمەن قىيىنچىلىقلار ۋە خەتەرلەرنى يېڭىپ، ئاخىرى نېپالغا قېچىپ چىققان ئىكەن. قېچىش جەريانىدا بۇ ياشلارنىڭ 4 نەپىرى چېگرىدىن سالامەت ئۆتۈۋالغان، قالغان 6 نەپىرى نېپال چېگرا ساقچى قىسىملىرى تەرىپىدىن بايقىلىپ قېلىپ قولغا چۈشۈپ قالغان.

# ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسىنىڭ ئەزالىرى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي كەمسىتىلىش ئەھۋالى ھەققىدە سۆز قىلدى

ۋاشىنگتون قەيسەر سىيت خەۋىرى: 3 - ئاينىڭ 14 - كۈنى ئا ق ش « ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش تەشكىلاتى » تەرىپىدىن ۋاشىنگتوننىڭ « ئەركىنلىك سارىيى » دا ئۆتكۈزۈلگەن خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا سىياسىي ۋە دىنىي زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان خەلقلەرنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى قوغداش يولىدا ئالاھىدە خىزمەت كۆرسەتكەن 5 تەشكىلاتنى مۇكاپاتلاش يىغىنىدا، ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى تاشقى مۇناسىۋەت كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى Chris Smit (كىرىس سىمىت) ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىي كەمسىتىلىش ئەھۋالى ھەققىدە سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: « بىز خىتايغا نۇرغۇن قېتىم مىللەتلەرنىڭ دىنىي ئەركىنلىكىنى بوغماسلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەن بولساقمۇ، ئەمما خىتاي ھوكۇمىتى ئاڭلىماسلىققا سېلىپ كېلىۋاتىدۇ. بىز P N T R (مەڭگۈلۈك نورمال سودا مۇناسىۋىتى) دە ئىنسان ھەقلىرىنى ئالدىنقى شەرت قىلغان ئىدۇق. بىراق كلىنتون ھۆكۈمىتى خىتايغا قارىتا يۇمشاقلىق قىلدى. شۇنداقتىمۇ بىزنىڭ يەنە نۇرغۇن جەھەتتە خىتاينى مەجبۇرلايدىغان شەرتلىرىمىز بار. بىز بۇندىن كېيىن بۇ شەرتلىرىمىزنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرىمىز ».

ئامېرىكا ئاۋام پالاتاسى خىتاي ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ رەئىسى Nancy Pelosi (ناسىي پېلوسى) سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى : « مەن كۆرگەن بىرىنچى ئۇيغۇر ئۆركەش ئىدى. ئۇ تيەن ئەنمېندە دېموكراتىيە ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىگە رەھبەرلىك قىلغان، شۇندىن كېيىن مېنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان چۈشەنچەم تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى ».

بۇ يىغىنغا « ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرى بىرلىكى » نىڭ ھەيئەت ئەزالىرىدىن قەيسەر سىيت، ئىليار شەمسىدىنلەر ۋە ۋاشىنگتون، نيۇ - يورك شەھەرلىرىدە ياشايدىغان ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ، يىگىرمىدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى. ئاخىرىدا يىغىنغا قاتناشقان مېھمانلارغا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارتىۋاتقان زۇلۇملىرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن تەشۋىقات ماتېرىياللىرى تارقىتىپ بېرىلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىن كەچ سائەت 5 تىن 7 گىچە داۋاملاشتى. ئامېرىكا كېڭەش پالاتاسى، ئاۋام پالاتاسى ۋە « ئەركىنلىك سارىيى » نىڭ مەسئۇللىرى، ئۇيغۇرلار، تىبەتلىكلەر، دېموكراتىك خىتايلار ۋە مۇخبىرلاردىن بولۇپ، يۈزدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشتى.

# ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرى بىرلىكى خەلقئارالىق مۇكاپاتقا ئېرىشتى

( بېشى 1 - بەتتە )

بۇ قېتىمقى مۇكاپاتلاش يىغىنى ئىنسان ھەقلىرىنى قوغداش يولىدا داۋاملىق پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرى بىرلىكى ، ئامېرىكىنىڭ كاردىنال ۋەقىپ تەشكىلاتى ، خەلقئارالىق تىبەت تەشكىلاتى ، خىتاي - خىرىستىيان دوستلۇق جەمئىيىتى ۋە خىتاي تەرەققىيات ئەزالىرى بىرلەشمىسى قاتارلىق 5 تەشكىلات، ئامېرىكىدىكى مەشھۇر شەخسلەر، پارلامېنت ئەزالىرى ۋە خەلقئارالىق مەتبۇئات - نەشرىيات ئەرباپلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن مەزكۇر سارايدا ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، ئەركىنلىك سارىيىنىڭ« دىنىي ئەركىنلىك مەركىزى» بۇ 5 تەشكىلاتنىڭ ھازىرغىچە كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان خىزمەتلىرىنى تەقدىرلىگەندىن كېيىن، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى (كونگرېس) نىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مەشھۇر شەخسلىرى ئامېرىكا ھۆكۈمىتىنىڭ خىتايدا سىياسىي ۋە دىنىي سەۋەبلەردىن ئېزىلىۋاتقان خەلقلەرنىڭ مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى ھەققىدە مۇھىم سۆز قىلدى. بۇ مۇراسىمدا« ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرى بىرلىكى» نىڭ تاشقى ئىشلار مەسئۇلى« ئەركىنلىك سارىيى» تەقدىم قىلغان مۇكاپاتنى قوبۇل قىلىپ ئالغاندىن كېيىن ئا ق ش ھۆكۈمىتىگە ۋە« ئەركىنلىك سارىيى» نىڭ مەسئۇللىرىغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىپ مۇنداق دېدى: بىز بۈگۈن بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىمىزدىن تولىمۇ پەخىرلىنىمىز. چۈنكى بۇ، ئامېرىكىدىكى بىر ئۇيغۇر تەشكىلاتىنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقىنى قوغداش يولىدا كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئۈچۈن ئالغان تۇنجى قېتىملىق مۇكاپاتى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. مەن« ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرى بىرلىكى» نامىدىن ئامېرىكا ھۆكۈمىتىگە ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن. چۈنكى دۇنيادا پەقەت ئامېرىكىلا خىتاي ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا 50 يىلدىن بېرى ئېزىلىۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى قوغداش يولىدا ئالاھىدە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ كەلدى. بىز بۇندىن كېيىن داۋاملىق ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، خىتاي ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان غەيرى ئىنسانىي قىلمىشلىرىنى ھەر زامان پاش قىلىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە بىلدۈرۈشكە تەييارمىز .

# تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر شېھىدلىرى قەۋرىستانلىقى

ئەنقەرەدىن ئەركىن تارىم خەۋىرى: ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك، « يىپەك يولى » تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئانا يۇرتى بولغان شەرقىي تۈركىستاندىن ئۆتۈپ، ئانادولۇ (تۈركىيەنىڭ ئىچكى قىسمى) دىكى يىپەك يولىنىڭ ئاخىرقى بېكىتى بولغان تارسۇسقا كېلىپ ئاخىرلىشىدۇ. كېيىنكى زامانلارغا قەدەر تۈركىستانلىق ھەج ئۆمەكلىرى كۆپىنچە بۇ يول ئارقىلىق مۇقەددەس زېمىنغا قاراپ يولغا چىققان. 1918 - يىلى ھاجى يولداش باشچىلىقىدىكى 26 ئۇيغۇردىن تەركىپ تاپقان ھەج ئۆمىكى ھەرەمگە بېرىش ئۈچۈن تارسۇسقا يېتىپ كەلگەن. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا تارسۇس فرانسۇزلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىۋېلىنغان بولۇپ، تارسۇس خەلقىنىڭ بۇ ئىشغالغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان ۋاقتىغا توغرا كېلىپ قالغان. بۇنى كۆرگەن ھاجى يولداش باشچىلىقىدىكى ھەج ئۆمىكى دەرھال ئۆز قېرىنداشلىرى بولغان تارسۇسلۇقلارنىڭ سېپىگە قوشۇلۇپ، ئىشغالىيەتچىلەرگە قارشى ئۇرۇشىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا 16 نەپەر ئۇيغۇر شېھىد بولىدۇ. بۇ شېھىدلارنىڭ جەسەدى شۇ يەرگە دەپنە قىلىنىدۇ. 1944 - يىلى تارسۇس شەھىرىنىڭ باشلىقىغا سايلانغان بۇرھاندىن كوجامان شېھىدلەرنىڭ قەبرىسىنى مازارنىڭ كىرىش ئېغىزىغا يۆتكەپ، ئۇيغۇر شېھىدلارنىڭ مۇنارىنى ياسىتىدۇ. بۈگۈن بۇ قەبرىستانلىقنىڭ بىر تەرىپىدە ئاي يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق، يەنە بىر تەرىپىدە ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق لەپىلدەپ تۇرماقتا.

شېھىدلارنىڭ روھى شاد بولسۇن!

# شېھىدلەر پاجىئەسى

(ئوچېرك)

ئۇيغۇر ئارىيانى

2000 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى ئاقسۇ شەھرىگە قاراشلىق ئايكۆل يېزىسىنىڭ شەرقى جەنۇب تەرىپىدىكى جاڭگاللىقتا بىرجەسەت بايقالدى. بۇ، خىتاي ساقچىلىرى بىر قانچە ئايدىن بېرى تۇتالماي يۈرگەن جەسۇر ئۇيغۇر مۇجاھىدنىڭ جەسىدى ئىدى. خىتاي ساقچى تەرەپ شۇ كۈنىلا ئادەم ئەۋەتىپ جەسەتنى تەكشۈردى. قانۇن دوختۇرى « ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ماغدۇرسىزلىنىپ، بىر كۈن ئىلگىرى ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن » دەپ يەكۈن چىقاردى. ئەمما ئۆلگۈچىنىڭ ئۆزلىرى ئىزدەپ يۈرگەن « سىياسىي قاچقۇن » ئىكەنلىكىگە ئېنىق ھۆكۈم چىقىرالمىدى. چۈنكى ئۆلگۈچىنىڭ چاچلىرى ئۆسۈك، ئىرىنلىرى قارايغان، ئورۇقلاپ كۆز چاناقلىرى ئولتۇرشۇپ كەتكەن بولغاچقا، ئۆزلىرىنىڭ قوللىرىدىكى سۈرەتتىكىگە ئانچە ئوخشىمايۋاتاتتى. ئۇلار بۇنى ئېنىقلاش ئۈچۈن سۈرەتتىكى بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى چاقىرتىپ كەلدى. چاچلىرى ۋاقتىسىز ئاقارغان، يۈزلىرىنى بىمەھەل قورۇق باسقان دەرتمەن ئاتا ـ ئانا، ئالدىدا ياتقان جەسەتكە بىر قاراپلا ئۆز بالىسىنى توندى. بىچارە ئانا « ۋاي بالام! » دەپ قاتتىق بىر ئاھ ئۇرغىنىچە ھوشسىزلىنىپ يەرگە يىقىلدى. تەلەتىدىن ۋەھشىلىك يېغىپ تۇرغان خىتاي ساقچى باشلىقى نىمجان ئانىغا ياۋايى ھايۋان كەبى خىرس قىلىپ ھۆرپىيەتتى. دادا چىشىنى چىشلەپ، پىغانىنى زورىغا باساتتى، ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشلىرى ساقال باسقان يۈزىگە سىرغىپ چۈشەتتى.

خىتاي ساقچى تەرەپ بىر پەس باش قوشۇپ بىرنىمىلەرنى دېيىشكەندىن كېيىن، ساقچى باشلىقى خىتاي يېنىدىكى تەرجىمان ئارقىلىق ئۆلگۈچىنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا بۇيرۇق قىلىپ، « جەسەتنى ئېلىپ كېتىپ دەرھال كۆمۈۋەتسۇن، ھازا تۇتمىسۇن، نەزىر ـ چىراق بەرمىسۇن » دېدى. ھەمدە بۇ ئىشلارنى نازارەت قىلىشقا بىر ئۇيغۇر ساقچى بىلەن بىرقانچە خىتاي ساقچىنى بۇيرىدى.

شېھىد بولغان بۇ مۇجاھىدنىڭ ئىسمى مۇتەللىپ بولۇپ، ئۇ ئېخى ئەمدىلا 19 ياشقا كىرگەن ئىدى. ئۇ، ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقى يولىدىكى سىياسىي ھەرىكەتلەرگە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن، 2000 ـ يىلى 2 ـ ئايدا خىتاي ھۆكۈمىتى پۈتكۈل ئاقسۇ ۋىلايىتى تەۋەسىدە يۈرگۈزگەن ۋەھشىيانە تۇتقۇن قىلىش ھەرىكىتىدە يۈزلىگەن مۇجاھىد سەپداشلىرى قاتارىدا ئۇنىڭ ئۈستىدىنمۇ تۇتۇش بۇيرۇغى ئېلان قىلىنغان ئىدى.

مۇتەللىپ 4 ئايدىن بېرى يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئاخىرقى قېتىم، يەنى مۇندىن بىر ھەپتە بۇرۇن مۇشۇ جاڭگاللىقنىڭ نېرى تەرىپىدىكى بىر مەھەللىدە، سەپدىشىنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرىۋاتقاندا يەنە سېزىلىپ قېلىپ، ئامالسىز مۇشۇ جاڭگاللىققا ــ يەنى ئادەمسىز باياۋانغا كېلىپ پانالانغان ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا نە يەيدىغان ئوزۇقلۇق، نە ئىچىدىغان ئۇسسۇزلۇق يوق ئىدى.

تومۇزنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان پېژغىرىم ئاپتاپلىرىدا ئۆزلىگىدىن پىشىپ ئۆلۈۋاتقان جانىۋارلار، ئوت بارخانلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك كۆيدۈرگۈچى قۇياش يالقۇنى، باشنى ئايلاندۇرۇپ، نەپەسنى كېسىدىغان دىمىق، يالقۇن تەپتىدە ئۆزلۈكسىز پاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان ياڭاق، يۇلغۇن ۋە ياۋا قومۇشلار. ئاھ!! بۇ دەشتى باياۋاندا دالدالىغىدەك بىرەر تۈپ دەرەخ بولسىچۇ كاشكى! يەرمۇ، ئاسمانمۇ قىپقىزىل يالقۇن كۆرۈنىۋاتىدۇ، نىمىشكە يامغۇر ياغمايدىغاندۇ، نىمىشكە بىرەر تۈپمۇ دەل ـ دەرەخ يوقتۇ، بۇ جاڭگاللىقلارنىڭ تۇپراقلىرىمۇ، ئاسمانلىرىمۇ خىتاي بىلەن ھەمكارلىشىۋاتامدىغاندۇ، ئاھ!! بۇ جاڭگاللىقنىڭ، بۇ ئاسماننىڭ تىلى يوق، كۆزى يوق، ئەقلى يوق، لېكىن كۆزى، تىلى، ئەقلى بولغان بولسا قانداق پاجىئەلەر يۈز بېرەتتىكىن!!! ــ « بۇ يەردە قاچقۇن بار! » دەپ بەلكىم خىتايلارنى ئاگاھلاندۇرارمىدى! بىر تامچە سۇ ئۈچۈن بىر جان ــ بىر ۋەتەن ئوغلانى ھاياتىدىن جۇدا بولارمۇ!

مۇتەللىپ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ۋە تومۇز جەھەننىمى بىلەن ئېلىشىپ تۆت كۈننى ئۆتكەزدى. بەشىنچى كۈنىگە كەلگەندە، ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرىنى ھېس قىلماقتا ئىدى، ئۇ ئەمدى ئارتۇق بەرداشلىق بېرەلمەيتتى. لېكىن ئۇ، غايىۋى بىر كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە ئورنىدىن تۇرۇپ، جاڭگاللىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يېشىلزارلىققا تەلمۈرۈپ قاردى. كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەشۇ غۇجمەك مەھەللە ئۇنىڭ ھاياتلىق ئاستانىسى، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرى ئىدى. ئۇ يەردە ئۇنىڭ مېھرىبان ئاتا ـ ئانىسى، بىر تۇققان قېرىنداشلىرى، بىرگە ئويناپ ئۆسكەن دوست ـ بۇرادەرلىرى بار ئىدى. ئۇ يەنە 7 ـ 8 چاقىرىم يول يۈرسە، ئۆز ئۆيى، ئۆز مەھەللىسىگە، بىرتۇققان قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا بارالايتتى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۆز پەرزەنتى ئۈچۈن جەۋر ـ زۇلۇم تارتىشقا مىڭ مەرتە رازى بولار ئىدى. لېكىن مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ بىر دەملىك ئاراملىقىنى دەپ، ئاتا ـ ئانىسىنى ۋە مەھەللىداشلىرىنى بالاغا دۇچار قىلىشنى زادىلا خالىمايتتى. چۈنكى، قانخور خىتاي ھۆكۈمىتى مۇجاھىدلارنى قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن بالىسى مۇجاھىد بولسا دادىسىنى، ئېرى مۇجاھىد بولسا ئايالىنى تۈرمىگە سولاپ، مۇجاھىدلارنى پاناھىغا ئالغانلارغا ئېغىر جەرىمانە قويۇپ، ئۆي، يەرلىرىنى تارتىۋالسا، يەنە بىر تەرەپتىن مۇجاھىدلارنى تۇتۇپ بەرگەنلەرگە كۆپلەپ پۇل بېرىشنى ۋەدە قىلىپ، كىشىلەرنى خائىنلىققا مەجبۇرلىماقتا ئىدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە مۇجاھىدلارنىڭ ئەل ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشى كۈندىن ـ كۈنگە قىيىنلىشىپ كېتىۋاتاتتى. مۇتەللىپنىڭ دادىسى ھېلىمۇ يېزىلىق ساقچىخانىدا قاماقلىق ئىدى.

يەنە يىرىم كۈن ئۆتۈپ كەتتى. مۇتەللىپ بارغانچە ئاجىزلاپ، بىردەم ـ بىردەم ئېسىنى يوقاتسا، يەنە تۇرۇپلا كۆز ئالدىغا خىيالى مەنزىرىلەر كېلەتتى. دېمەك ئۇ، ئەمدى ئەزرائىل بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ، بۇنداقلا ئۆلۈپ كېتىشنى كۈتەتتىمۇ! ئۇ، مۇنداقلارچە ئۆلۈشنى راۋا كۆرگەن بولسا، مۇجاھىدلار سېپىگە كىرەتتىمۇ! بىر ئۆمۈر يۈمشاق ھاياتتا ياشاپ، يۇمشاق جان بېرىشنى بىلەتتىغۇ! لېكىن ئۇ، غالىپلارچە ياشاپ، قەھرىمانلارچە قۇربان بېرىشنى، مىللەت ئۈچۈن ياشاپ، مىللەت ئۈچۈن ئۆلۈشنى تاللىۋالغان ئىدى. ئەندى مۇنداق ئەجەلنى كۈتۈپ يېتىپ ئۆلۈش قورقۇنچاقلىق ئەمەسمۇ! ئۇ، قەتئى قارارغا كەلدى ــ مۇنداق قېچىپ، يوشۇرۇنۇپ، بىچارىلەرچە ئۆلگەندىن، دۈشمەن بىلەن ئېلىشىپ ئۆلگەن مىڭ ئەۋزەل. باتۇر ئەجدادلىرىمىز « يېتىپ ئۆلگىچە ئېتىپ ئۆل! » دەپ بىكارغا ئېيتمىغان.

مۇتەللىپ نىمجان ۋۇجۇدىدا شۇنداق شىرىن بىر سېزىمنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇ، ۋۇجۇدىغا يېڭى بىر كۈچ ـ قۇۋۋەت قوشۇلغاندەك روھلۇق ھېس قىلاتتى. ئۇ، ۋۇجۇدىدا تۈگىمەس بىر جاسارەتنى بايقىماقتا ئىدى. ئۇ، ئورنىدىن دەس تۇردى. ئۇ، شۇ تاپتا بۇ جاڭگاللىقتىن قېچىپ چىقىپ سەپداشلىرىنى تاپماقچى! ئۇ، شۇ تاپتا دۈشمەنگە قارشى يېڭى باشتىن جىھاد ئاچماقچى! ئۇ، سەپداشلىرىغا قوشۇلۇپ جەڭ مەيدانىغا ــ ئالدىنقى سەپكە كۆكرەك كېرىپ ئېتىلماقچى! ئۇ، شۇ تاپتا جەڭگاھقا ئاتلاندى! بىراق ئالغا قاراپ بىرقانچە يۈز قەدەم بېسىپ يەرگە يىقىلدى. بىر پەستىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ يولىنى داۋاملاشتۇردى. ئەمما قەدەم ئېلىشى بارغانسېرى ئاستىلاپ، گەۋدىسى پۈكۈلۈپ، قىيىن ئەھۋالدا كېتىپ باراتتى. ئۇ يەنە يىقىلدى. ئاھ! شۇنداق ئۆلۈپ كەتسە كۆزى قانداق يۇمۇلار! ئۇ يەنە تۇردى. ئۇ يەنە يىقىلدى. ئۇ قوپۇشقا تىرىشتى. يۇلغۇن چۈۋىقلىرىغا ئېسىلدى. يانتاقلارنى قامالاپ ئالغا سىلجىدى. قوللىرى قىپقىزىل قانغا بويالدى. لېكىن ئۇ ئەمدى قايتا ئورنىدىن تۇرالمىدى!

ئۇ ئاخىرقى مەرتە بېشىنى كۆتىرىپ، ئەتراپتىكى ھەر بىر تۈپ گىياغا، يىراقتىكى مەھەللىگە ۋە پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياشقا چەكسىز مېھىر ۋە قىيماسلىق ئىچىدە تەلمۈرۈپ قارىۋالغاندىن كېيىن، مۇقەددەس ۋەتەن تۇپرىقىغا مەڭزىنى يېقىپ، ئانا زېمىننى قۇچاقلىغىنىچە مەڭگۈلۈك كۆز يۇمدى!!!

مۇتەللىپ جان بەردى!

بىپايان ۋەتەن زېمىنىدا پاناھلانغىدەك جاي تاپالماي، قاقاس جاڭگاللىقتا جان بەردى!

مۇتەللىپ شېھىدبولدى!

مىليونلىغان قېرىنداشلىرى ئارىسىدا، ئۆز ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدا، بىر ئۆزى تەنھا، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇقتىن شېھىد بولدى!

مۇتەللىپ قۇربان بولدى!

ئاھ!!! تارىم دەرياسى بويىدا، ئاقسۇ دەرياسى ساھىلىدا چاڭقاپ، ئۇسسۇزلۇق ئازابىنى چېكىپ قۇربان بولدى!

2001 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى
ــ ئۈرۈمچى

# ئۇيغۇرلار خىتاينىڭ شىنجىن شەھرىدە نامايىش ئۆتكۈزدى

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ شىنجىندىن ئالغان خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى خىتاينىڭ ئالاھىدە ئىقتىسادىي شەھرى ھېساپلانغان شىنجىندە 100 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر خىتاي ساقچىلىرىنىڭ ئىككى نەپەر بىگۇناھ ئۇيغۇرنى ئۇرۇپ ئېغىر يارىلاندۇرغانلىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ نامايىش ئۆتكۈزگەن ھەمدە ئۇيغۇر نامايىشچىلار يارىلانغان ئۇيغۇرلارنى كۆتۈرۈپ، شىنجىن شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە قاراپ يۈرۈش قىلغان. بۇ شىنجىن شەھرىنىڭ تارىخىدا ئۇيغۇرلارنىڭ تۇنجى قېتىملىق نامايىشى بولغاچقا، شىنجىن پۇخرالىرى نامايىشقا ئالاھىدە قىزىققان ھەمدە يۈزلىگەن خىتاي پۇخراسى نامايىشچىلارنى كۆزىتىپ تاكى شەھەرلىك ھۆكۈمەتكىچە ئەگىشىپ ماڭغان. ئۇيغۇرلارنىڭ نامايىشى تۈپەيلىدىن مەزكۇر شەھەرنىڭ ئاساسلىق كوچىلىرىدا قاتناش بىرقانچە سائەتلەپ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان. شىنجىن شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئۇيغۇر نامايىشچىلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ دەرھال ھۆكۈمەت بىناسىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىۋالغان ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچ بىلەن باستۇرۇپ كىلىشىدىن ئەنسىرەپ، كۆپلىگەن ساقچى ۋە ژاندارمىلارنى يۆتكەپ كەلگەن. ساقچىلار شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە تۇتىشىدىغان يوللارنى قامال قىلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نامايىشىنى كۆزىتىپ كېلىۋاتقان خىتاي پۇخرالىرىنى قوغلاپ، ھۆكۈمەت بىناسىغا يېقىنلاشتۇرمىغان. ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ تىنچلىق شەكلى بىلەن نامايىش قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، نائىلاج ئىككى نەپەر ئۇيغۇرنى ئۇرۇپ يارىلاندۇرغان ساقچىنى قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىغا ۋەدە بىرىپ، ئۇلارنى ئاران بېسىقتۇرغان. شۇ كۈنى سائەت 12 دىن 20 مىنۇت ئۆتكەندە باشلانغان نايىش سائەت 5 لەردە ئاخىرلاشقان.

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ ئىگەللىشىچە، ئۆتكەن ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ھەسەن ۋە ئابلىز ئىسىملىك ئىككى نەپەر ئۇيغۇر شىنجىن شەھرىنىڭ شاڭشىسۇن كەچلىك بازىرىنى ئايلىنىۋاتقاندا خىتاي نامانلىق ساقلاش دائىرىلىرى ھېچبىر سەۋەپسىزلا ئۇلارنى بازاردىن قوغلىغان. خىتاي ساقچىلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ئېغىر خورلۇق ھېس قىلغان بۇ ئىككى نەپەر ئۇيغۇر ساقچىلارغا ئېتىراز بىلدۈرگەندە، 10 دىن ئارتۇق خىتاي ساقچىلىرى يۈگۈرۈپ كېلىپ، بۇ ئىككى ئۇيغۇرنى ئۇرۇپ، ئېغىر دەرىجىدە يارىلاندۇرغان. تاياق زەربىسىدىن پۇت ـ قوللىرى سۇنغان بۇ ئىككى ئۇيغۇر دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان. بۇ ناھەقچىلىكتىن خەۋەر تاپقان شىنجىندا تۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلار مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بىر ئايغىچە ھۆكۈمەت تارماقلىرىدىن سادا چىقمىغان. مۇشۇ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى 100 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر ئۇلارنى يوقلاش ئۈچۈن دوختۇرخانىغا توپلانغان ۋە نامايىش قىلىپ، شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە كىرىپ ئېتىراز بىلدۈرۈشنى قارار قىلغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھەسەن بىلەن ئابلىزنى ۋە ئۇلارنىڭ زەخىملەنگەن يەرلىرىنىڭ چوڭايتىلغان رەسىمنى كۆتۈرۈپ، شەھەرلىك ھۆكۈمەت تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇيغۇر تىجارەتچىلەرنىڭمۇ داۋاملىق خىتايلار تەرىپىدىن ئۇرۇلۇپ ـ سوقۇلۇپ ۋە ھەيدىلىپ خورلىنىۋاتقانلىقىمۇ بۇنىڭ بىر سەۋەبى ئىكەن. ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجىندا كەڭ كۆلەمدە نامايىش قىلغانلىقى خىتاينىڭ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تۈرلۈك خىتاي مەتبۇئاتلىرىدىمۇ خەۋەر قىلىندى.

# ئىلى رايونىدا خىتايغا قارشى تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقالدى

« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ ۋەتەندىن ئالغان مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، يېقىندا ئىلى رايونىدا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ 1989 ـ يىلى بېيجىندا خىتاي دىموكراتىك ھەرىكىتىنى قانلىق شەكىلدە باستۇرغانلىقى ۋە 1997 ـ يىلى 5 ـ فېۋرال غۇلجىدا ئۇيغۇلارغا قاراتقان ۋەھشى قىرغىنچىلىقى ئەيپلەنگەن تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقىلىشقا باشلىغان. نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان بۇ تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقىتىش پائالىيىتى خىتاي ھۆكۈمىتىنى قاتتىق ساراسىمىگە سالغان.

دەسلەپكى ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، خىتاي ساقچى دائىرىلىرى بۇ تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى « ئامېرىكىدىن كىرگۈزۈلۈپ تارقىتىلغان » دەپ گۇمان قىلغان ۋە بۇ ھەقتە جىددى تەكشۈرۈش باشلىغان.

# سادا

(نەسر)

ھەي!! سۆيۈملۈك ۋەتەنداشلىرىم، سىلەر قەيەردە؟

ئەنە! كىندىك قېنىڭلار تۆكۈلگەن ئانا دىيارىڭلاردا بۇگۈن ھېيت تەنتەنىسى. بۇ يەردە ناغرا ـ سوناي ياڭرىماقتا، بۇ ئەزىزانە قەشقەر ـ ھېيتگاھ جامىسىنىڭ مۇناردىن ئاڭلىنىۋاتقان سادا. بۇ، شەھىدانە خوتەن جامىسىنىڭ مۇناردىن ئاڭلىنىۋاتقان سادا. بۇ، جەسۇرانە ئاتۇش، ۋەلىيانە كۇچار، غالىبانە تۇرپان، غازىيانە قۇمۇللاردىن كېلىۋاتقان سادالار! بۇ، ئۇرۇمچى ـ خانتەڭرى جامىسىدىن كەلگەن بايرام تەنتەنىسىنىڭ جاراڭلىق سادالىرى. بۇ سادا دەسلەپتە ئەشۇ مەسجىدلەرنىڭ مۇنارلىرىدىن چىقىپ، كېيىن پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ يۈرىگىدە جاراڭلاۋاتقان سادا!!

بۇ، ئەلمساقتىن بېرى مىللىتىمىزنىڭ قەلبىدىكى ئۆلمۈك ـ ئىتتىپاقلىقتىن ئىبارەت يۈكسەك، ئۆزۈلمەس رىشتىنىڭ نامايەندىسى! بۇ، ۋەتەن ـ مىللەتنىڭ، ئانىلارنىڭ، ئاتىلارنىڭ يىراقتىكى پەرزەنتلىرىنى سېغىنىشلىرىدىن جاراڭلاۋاتقان يۈرەك سادالىرى! ئۇلارنىڭ ئوتلۇق ئاھۇ ـ پىغانلىرى!

قېنى سىلەر، ھەي سۆيۈملۈك ئوغلانلىرىم، قېنى سىلەر ئەي قەدىردانلىرىم؟ مەن سىلەرنى سېغىندىم، ۋەتەن سىلەرنى سېغىندى، سىلەرنى چىن قەلبىمىزدىن سېغىندۇق، ئوتلۇق يۈرىگىمىزدىن سېغىندۇق!

قاراڭ! بۇ سادا بىلەن قانچە مىڭ ئادەم بىرلا ۋاقىتتا ئۇخشاش رىتىمدا رەتلىك ساما ئۇسۇلىغا چۈشەلەيدۇ. بۇ سادا بىلەن قانچە مىڭ ئادەم بىرلا كۆيگە ناخشا ئېيتالايدۇ، بۇ سادا بىلەن قانچە مىليونلىغان ئۇيغۇرلارنىڭ قەلبى لەرزىگە كېلىدۇ. مانا مۇشۇ سادا بىلەن مىليونلىغان ئۇيغۇرلار بىر يەردىن قول چىقىرالايدۇ. بۇ، مىللىتىمىزنى ئۆلمۈك، ئىتتىپاقلىققا چاقىرىۋاتقان سادا. بۇ، پۈتۈن دۇنيادىكى ئۇيغۇرلارنى بىرلىككە، ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇشۇشقا چاقىرىۋاتقان سادا!!

قاراڭ! دوستۇم، دۇنيادا ئۇيغۇر مىللىتىدەك ئىتتىپاقلىقنى سۆيىدىغان مىللەت بولۇپ باققانمۇ!

قەدىرلىك ۋەتەنداشلىرىم! بىلىمەن، شۇ تاپتا سىلەر ۋەتىنىڭلارنى ھەرقانداق ۋاقىتلاردىكىدىنمۇ بەكرەك سېغىنىۋاتىسلەر، ۋەتىنىڭلارنىڭ ھەر بىر گىيالىرىنى، ھەتتا ئەينى چاغلاردا سىلەرنى بىزار قىلغان دۆڭ كۆۋرۈك كوچىلىرىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچۇپ يۈرگەن ئەخلەتلەرمۇ ھازىر ـ شۇ تاپتا سىلەرگە شۇنچىلىك يېقىملىق بىلىنىۋاتىدىغاندۇر. سىلەر ۋەتىنىڭلارنىڭمۇ سىلەرنى شۇنداق تەشنالىق بىلەن سېغىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلالامدىغانسىلەر!

ۋەتەن ـ ئانا. پەرزەنتنىڭ ئانىغا بولغان سۆيگۈسىنى، ئانىغا بولغان مۇھەببىتىنى ھېچقانداق كۈچ ئۇنىڭ قەلبىدىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ. سىلەر يەنىلا ئانىنى سۆيىسىلەر، ئانىنى سېغىنىسىلەر! سىلەر دۇنيانىڭ قانداق يېرىدە بولماڭلار، يەنىلا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ بىر پەرزەنتىسىلەر. سىلەر ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتىسىلەر! بۇ ھەقىقەتلەرگە ھېچكىم كۆز يۇمالمايدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىك ـ ھەرگىزمۇ توغۇلغاندىن تارتىپ، قېرىپ ئۆلگىچە يۇرتىدىن ئايرىلمىغانلارغا مەنسۇپ بولغان نەرسە ئەمەس. چۈنكى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ تەمىنى پەقەت ۋەتەندىن ئايرىلغانلارلا ھەقىقى ھېس قىلالايدۇ. مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، سىلەر تۇرىۋاتقان جايدا قىلىۋاتقان ئىشىڭلار بىلەن ئۇتۇق ياراتساڭلار، ئۆزەڭلەرگە شان شەرەپ كەلتۈرگەن بولىسىلەر، ۋەتەنگە، مىللەتكە شان ـ شەرەپ كەلتۈرگەن بولىسىلەر. سىلەرنىڭ شۇنداق قىلالايدىغانلىقىڭلارغا ۋە شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىڭلارغا چىن قەلبىمدىن ئىشىنىمەن ھەم تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

شان ـ شەرەپ ۋە ئۇتۇقلار دۇنيانىڭ ھەممە ياقلىرىدىكى ـ پەقەت تەقدىر بىلەن ئېلىشىۋاتقان بارلىق ئۇيغۇر ئوغۇل ـ قىزلىرىغا مەنسۇپ! شان ـ شەرەپ ھەممىمىزگە مەنسۇپ! ۋەتەن سىلەرنى ئوتلۇق سۆيگۈلىرى بىلەن سېغىندىۇ!

سىلەرنى چىن قەلبىدىن ياد ئەتكۈچى سىلەرنىڭ يازغۇچىڭلار

(نەشرگە بەرگۈچى: ئارسلان بۇغرا)



# بىزدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك

(ماقالا)

شاخېلىل شاراخمان (گوللاندىيە)

ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرخىل تارىخىي كاتېگورىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئوخشىمىغان تارىخىي باسقۇچلاردا ئوخشىمىغان مەزمۇنغا ھەم ئوخشىمىغان دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە ماددىي - مەنىۋىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي، ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەرنىڭ يىغىندىسىدۇر. مۇستەقىل دۆلەت ھوقۇقىغا ئىگە مىللەتلەرگە نىسبەتەن ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇ ۋە ھەرىكەتلىرى باشقىلارنىڭ تۇپراقلىرىغا تاجاۋۇز قىلىش، باشقا مىللەتلەرنى باستۇرۇش قاتارلىق رەزىل ھەرىكەتلەر بولماستىن، بەلكى ئۆز دۆلىتىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قوغداش ۋە ئۆز دۆلىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ھەسسە قوشۇش، پىداكارلىق كۆرسىتىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى كۆرسەتسە، مۇستەملىكە مىللەتلەرگە نىسبەتەن ئۆز ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك بولغان بارلىق ئىجابىي ھەرىكەتلەرنى كۆرسىتىدۇ. نۆۋەتتە بىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىمىز دۆلىتىمىزنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت ھايات - ماماتلىق ئىنقىلاپ باسقۇچى بولغاچقا، ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقاتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، مىللىي غۇرۇرىمىزنى يېتىلدۈرۈش، مىللىي ئىرادىمىزنى تىكلەش، مىللىي ئىشەنچىمىزنى ئۆستۈرۈش ۋە ئويغىنىۋاتقان مىللىي روھىمىزنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇش ۋەتەنپەرۋەرلىكىمىزنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ۋە غوللۇق تەركىبى قىسمىدۇر.

50 نەچچە يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندا ۋەتەنپەرۋەرلىك بىر تۈرلۈك سىياسىي پرىنسىپ بولۇش سۈپىتى بىلەن كوممۇنىست خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ، « كوممۇنىستىك پارتىيە بولمىسا، ( شىنجاڭ ) خەلقىنىڭ بۈگۈنىمۇ بولمىغان بولاتتى » دەپ تەكىتلەندى. مۇستەملىكىچى خىتاينىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىسىنى سۆيۈش، سوتسىيالىزىمنى سۆيۈش ۋەتەنپەرۋەر بولۇشنىڭ ئۆلچىمى قىلىندى. شۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەقدىرىنى كوممۇنىستىك پارتىيەگە، سوتسىيالىزىمغا باغلاپ، ئەبەدىي مۇستەملىكە قىلىشقا ئۇرۇندى.

مىللىتىمىزنىڭ پەخرى بولغان ئۇلۇغلىرىمىز مۇنداق دېگەن ئىدى: « بىر مىللەتتە ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرىدىكەن، ئۇ مىللەتنىڭ مۇقەددەس مەقسىدىگە يېتىشىگە ھېچقانداق سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي كۈچ توسالغۇ بولالمايدۇ ». شۈبھىسىزكى، مۇستەملىكىچى كوممۇنىست خىتاينىڭ ئۈستۈنلىكى، ئالدامچىلىقى، ئويدۇرمىچىلىقى ۋە قانلىق قىرغىنچىلىقى مىللىتىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى نەچچە مىڭ يىللىق ھاياتىي كۈچكە ئىگە مىللىي ئىشەنچىمىزنى، ئىپتىخارلىق مىللىي تۇيغۇمىزنى ۋە مۇقەددەس ۋەتەنپەرۋەرلىك بۇرچىمىزنى سۇسلاشتۇرالمىدى. بەلكى، ئۇنى ھېچقانداق كۈچ يوقىتالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. بۇ پاكىت بىزگە ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىشنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر ئەھمىيىتى بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىزنىڭ ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئاجىزلارنىڭ نىقابىنى تاقاپ ياشاشنى راۋا كۆرمىگەن ۋە مەغرۇر، غالىپ بولۇشنى، ئۆزىنى ئىپادىلەپ ياشاشنى ئەلا بىلگەن. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، قاراخانىلار دۆلىتىنى قۇرۇش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشىنى زىممىسىگە ئالغان بۇغراخانلار، دۆلەت ئۇستازى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقىرى قاتارلىق ئەللامە بوۋىلىرىمىز ئەنە شۇنداق ئۆزىنى ئىپادىلەش روھىنىڭ شەجەرىسىگە ئايلانغان. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئەجدادلىرىمىز ئۇرخۇن يادىكارلىقىدىكى مەڭگۈ تاشلاردا بايان قىلىنغىنىدەك، خان - خاقانلارنىڭ باتۇرلۇقى ۋە يىراقنى كۆرەرلىكى بىلەن خەلقىنىڭ ساداقەت ۋە ئۇيۇشچانلىقىغا تايىنىپ دۆلەت قۇرۇپ سەلتەنەت سۈرۈپ كەلگەن.

ۋەتىنىمىز مىسلىسىز بالايى - ئاپەت ئىچىدە قېلىپ، ھەر - بىر ئۇيغۇر ھايات - ماماتلىق سىنىقى ئالدىدا تۇرۇۋاتقان ھازىرقى جىددىي پەيتتە، مىللىتىمىز « ئۆز ئىستىقبالىمنى ئۆزەم يارىتىمەن » دېگەن ئىرادە بىلەن ئۇلۇغ ئەجدادلىرىمىزنىڭ روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، خىتاي جاھانگىرلىرىگە قارشى قىلچە بوشاشماي كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئاتىسىمىلاتسىيە ۋە مىللىي زۇلۇم مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان جەمئىيەتتە، مۇستەملىكىچى چوڭ مىللەتنىڭ ئىشغالىيىتىدە تۇرغان مىللەتنىڭ ئىستىقبالى بولمايدىغانلىقىنى تامامەن تونۇپ يەتتى. بۇنىڭغا مۇناسىپ خىتاينىڭ ھەرقانداق مۇرەككەپ ئەھۋال، ھىلە - نەيرەڭلەر، ھەرخىل نام - نىقاپلار بىلەن ئېلىپ بارغان شۇملۇقلىرى ئالدىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك مەيدانىدا باشتىن - ئاخىر چىڭ تۇرۇپ كەلدى. مۇستەقىللىقتىن ئەسلا ۋاز كەچمىدى. ئۇلاردىكى مىللىي ھېسسىيات تولىمۇ كۈچلۈك، مىللىي غۇرۇر ۋە مىللىي ئىشەنچ ئىنتايىن گەۋدىلىك. بۇنداق كەيپىيات پۇرسەت بولسىلا پارتلاپ چىقىدۇ.

ۋەتەن سىرتىدىكى ئۇيغۇرلار مەيلى ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە بولسۇن، مەيلى تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، گېرمانىيە، گوللاندىيە، ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەردە بولسۇن، ئۆزىنى ئەشۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتتىن، مىللەتنىڭ بېشىغا چۈشىۋاتقان ئېغىر پاجىئە ۋە جىددىي خەۋپ - خەتەردىن چەتتە دەپ قارىمىدى. بەلكى ۋەتەن - مىللەتنىڭ غەم، قايغۇسىغا ئورتاق بولۇپ، ۋەتەننىڭ تەقدىرى، ئىستىقبالىغا كۆڭۈل بۆلۈش بىلەن خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ۋەتەننى ئاياق ئاستى قىلىۋاتقان جىنايى قىلمىشلىرىنى خەلقئارا سىياسىي سەھنىلەردە ئاشكارىلاپ، ۋەتەن - مىللەتنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ئازادلىقىنى باشتىن - ئاخىر تەرغىب قىلىپ، ۋەتەنگە بولغان چەكسىز مۇھەببەت، ساداقەت ۋە سېغىنىش ئىچىدە سەممىي پىداكارلىق كۆرسىتىپ كېلىۋاتىدۇ.

دېمەك، بىزدىكى تارىخىي پاجىئەلەر ۋە رېئاللىقتىكى ئۇلۇغ ئۇتۇقلار مىللىتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس جۇغراپىيەسى، مىجەز - پىسخىكىسى ۋە ئېتىقادى بىلەن يۇقۇرىقىدەك مىللەتپەرۋەرلىكنى، ۋەتەنپەرۋەرلىكنى بارلىققا كەلتۈرگەن. بىز ۋەتىنىمىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان، مىللىتىمىزنىڭ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىدىن ئىپتىخارلىنىمىز. ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس نامى ئۆز ئىسمىنى ئاتاشنى بىلىدىغان كىچىك بالىدىن تارتىپ، پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قەلبىدىن چىقماس ئورۇن ئالغان. ئەلۋەتتە، شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتۈش كېرەككى، مۇستەملىكىچى خىتاي دائىرىلىرى بىزنى مەنپەئەت تالىشىپ، بىر - بىرى بىلەن بوغۇشۇپ، بىر - بىرىنى سۆكۈشۈپ، يۇرتۋازلىق، گوروھۋازلىق قىلىشىپ، بىر - بىرىگە ئورا كولاپ ئىتتىپاقسىزلىق، شەخسىيەتچىلىك بىلەن دائىمىي قۇللۇقتا قالسۇن دېگەن مەقسەتتە ھەرخىل يېڭى چارە - تەدبىرلەرنى قوللانماقتا. خىتاينىڭ مەزكۇر سىياسىتى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ روھىي دۇنياسىدا زەئىپلىك، تەسلىمچىلىك، غايىسىزلىك، نەپسانىيەتچىلىك، قورقۇنچاقلىق قاتارلىق ناچار ئىللەتلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، بۇ ئارقىلىق مىللىتىمىزنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقى، ئەركىنلىكى، جۈملىدىن مىللىي مەۋجۇتلۇقى ۋە قانۇنىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي ھوقۇقىنى، جۇغراپىيەلىك ئورنىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان روھىنى ئاجىزلىتىپ، تامامەن ۋاز كەچتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ھەقىقەتەن مىللىتىمىز ئىچىدىكى سىياسىي سېزىمى تۆۋەن قىسمەن كىشىلەر خىتاينىڭ مەزكۇر سۇيىقەستىنىڭ تەسىرىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئېڭى سۇسلىشىپ، مىللىتىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى ئېسىل خىسلىتىگە يات پوزىتسىيە تۇتۇپ، ئۆز - ئارا پىتنە - پاسات تېرىشىپ، ئايرىمىچىلىق بۆلۈنمىچىلىك قىلىشىۋاتىدۇ. مىللىتىمىزنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، ئۇيۇشقاقلىقىغا، بىرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىپ، مىللىتىمىزنىڭ خاراكتېرىدىكى ئۆز تەقدىرىنى ئۆز قولىغا ئېلىش روھىغا گۆر قېزىۋاتىدۇ.

پۈتۈن دۇنيادىكى مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقى، تەرەققىياتى ۋە ئىتتىپاقلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان يېڭى دەۋردە، مىللىتىمىزگە ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ مىللىي ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، مىللىي روھىمىزدىكى سەزگۈر، مەردانە، قورقماس، قەھرىمانلىققا ئىنتىلگۈچى ئىنقىلاۋى جاسارەت بىلەن مۇستەھكەم سىياسىي بىرلىكسەپكە ئۇيۇشۇپ، ۋەتەن - مىللەتنى خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇشتەك ئورتاق روھىي خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشىمىز ۋە شۇ ئارقىلىق يۇقۇرقىدەك مىللەتتىن تانغان، غۇرۇرسىز، تومۇرىدا ئۇيغۇر قېنى بولمىغان ئاغمىچىلارغا كەسكىن قارشى تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەتەن ئىچى - سىرتىدىكى يارامىلىق، ئىقتىدارلىق شەخسلىرىمىزگە، يېڭىلىق ياراتقۇچىلارغا، توغرا يول كۆرسەتكۈچىلەرگە، مەردانە، ھەققانىيەتچى، دوست - يارەنلەرگە، ۋەتەن - مىللەتنىڭ دەردى ۋە بەختى ئۈچۈن خالىس خىزمەت قىلىۋاتقانلارغا تىل تەككۈزۈشىگە قەتئىي يول قويماسلىقىمىز لازىم. مۆرىتى كەلگەندە ئۇلارنىڭ بىرىنى قويماي يوقىتىش كېرەك.

خۇلاسە شۇكى، كوممۇنىستىك خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى بىلەن بىزدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تامامەن باشقا - باشقىدۇر. كوممۇنىست خىتاينىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەرىكىتى خىتاي مىللىي مەنپەئەتچىلىكىنى ئالغا سۈرگەن شوۋىنىزىم بولۇپ، خىتاي ھۆكۈمرانلىقىنى قوغداش ۋە مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ۋە شەرقىي تۈركىستانغا قاراتقان تاجاۋۇزچىلىق، مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەمما بىزدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا سادىق بولۇش، ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش ۋە ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقى، مىللىتىمىزنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىش ھەرىكەتلىرىدۇر. بىزنىڭ ۋەتپەرۋەرلىكىمىز ۋەتەننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە، شان - شەرىپىگە، پايدا - مەنپەئەتىگە، تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشتە، تارىخىي ئەنئەنىمىزنى، مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى سۆيۈش ۋە قوغداشتا، مىللەتنىڭ مەۋجۇتلىقىنى قوغداش يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىشتە، خىتاينىڭ ئاسارىتىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن قۇربان بېرەلەيدىغان قەھرىمانلىق روھىمىزدا ئىپادىلىنىدۇ. بىز ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى تېخىمۇ كۈچلۈك جارى قىلدۇرۇشىمىز، چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەشۋىقاتىنىمۇ كەڭ قانات يايدۇرۇشىمىز لازىم.

## ياشىغان ئۆلۈكلەر

زەينۇرە ئەيسا (گېرمانىيە)

ئەڭ ئوبدان بىلگەن نەرسىسى ـ قاقاھلاپ كۈلمەك،
سېسىق قاپاقتىن تۆكۈلگەن سۇدەك ۋالاقلاپ كۈلمەك،
غەرق مەس ياكى تەلۋە كەبى ھاياسىز كۈلمەك،
نېمىگە كۈلگىنىنى ھېچ بىلمەستىن مەنىسىز كۈلمەك.

ياشىغان ئۆلۈك كۈلۈشتىن باشقا كىيىنىشنى بىلۇر،
سودا ـ سېتىقتا پايدا ئېپىپ سۆيۈنۈشنى بىلۇر،
دوست تۇتالماي چۆجە خورازدەك سوقۇشۇشنى بىلۇر،
دوستلىرى بىلەن كاناي سىقىشىپ بوغۇشۇشنى بىلۇر.

ياشىغان ئۆلۈك ئۆي تۇتۇشنى، جابدۇشنى بىلۇر،
مىللەتچىسىگە قاپىقان، توزاق قۇرۇشنى بىلۇر،
ھەر مۇقامغا داقا ـ دۇمباق، سوناي چېلىشنى بىلۇر،
مەنسەپدارنىڭ كۆڭلىنى ئوبدان ئېلىشنى بىلۇر.

خۇدادىن قورقماي يۇرتنى باسقان خىتايدىن قورقار،
ئەل ئىشى ئۈچۈن بىر تاشپاقا، ئۆز ئىشىغا شۇڭقار،
بۆگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قويار، ئىشقا ياغار قار،
كۆرەلگىنى بۇرنىنىڭ ئۇچى، نەزەر كوچىسى تار.

ياشىغان ئۆلۈك تاتىسىز، تۇزسىز نەقلچى سۆزمەن،
بەزىسى تۇرار ئۆز يۇرتىدا، يەنە بەزىسى كۆچمەن،
ئادالەتپەرۋەر مىللەتچىگە يۇرەكتىن ئۆچمەن،
مىللەتچىنى تىرىك كۆمۈشكە ئىزدەيدۇ كەتمەن.

ياشىغان ئۆلۈك، نورمال ئىنسان تېشىدىن پەرقسىز،
پەرقى ئۇنىڭ كۆنى ئۆتمەس قۇمدەك غەيۋەتسىز،
ۋەتەن قۇتقۇزۇش يولىدا تارتساڭ ماڭماس غەيرەتسىز،
ئۆزىنى بىلمەس ئۇنىڭ قەلبى دائىما ئەينەكسىز.

ياشىغان ئۆلۈك تاماشا سۆيەر، ۋەتەننى سۆيمەس،
ئۆز مىللىتى مىللەتچىگە، خەلقىگە كۆيمەس،
چۈنكى ئۇنىڭ جىسمى ھايات، روھى ئۆلگەن بەس!
ئۆپكە، مېڭە، جىگەر، يۈرىكىنىڭ تىرىلمىكى تەس.

خوشاللىق نەدۇر بىلمەس، كۈلۈشنى بىلۇر،
مەقسەت ـ نىشان نەدۇر بىلمەس مېڭىشنى بىلۇر،
ئەلگە بىر نەپ بېرىشنى بىلمەس، ئېلىشنى بىلۇر،
ئۆز ئۇيغۇرى مىللەت توپىدىن قېچىشنى بىلۇر.

ياشىغان ئۆلۈك ئۆز ـ ئۆزىدىن سۇئال سورالماس،
«ھايۋاندىن پەرقىم نېمە؟ يەپ ـ ئىچىش، ئۇيناش»،
ۋەتەن قۇتۇلسا ئىنسان كەبى ياشىمامدۇق ئاداش،
ئولىمپىيەدە مېدال ئالدى تونۇگۇنكى ئاياش،

«مەن نېمىشكە ئىنسان كەبى پىكىر قىلالمايمەن؟،
ئىنسانى ھەق ـ ھوقۇقۇمنى قولغا ئالالمايمەن؟،
قۇللۇق تۈگۈنى نەدىن يېشىلۇر ھېچ تاپالمايمەن؟،
ئەل نومۇسىنى چەيلىگەنگە مۇش ئاتالمايمەن؟.

نېمىشكە ئۆلكەم ئىسمىنى توغرا ئاتىيالمايمەن؟،
ئۆز تېغىمغا ئۆز تۇغۇمنى قادىيالمايمەن؟،
مۇجاھىدنى تاتلىماستىن نېمىشكە تۇرالمايمەن؟،
لىدىرىمنى غاجىماستىن نېمىشكە ياشىيالمايمەن؟.

ياشىغان ئۆلۈك ۋىجدان، غۇرۇر، نومۇستا گاداي،
قارنى توقتۇر، يانچۇقتا پۇل، ئۆيلىرى ساراي،
بىر قولى ئۇنىڭ ھەسەل تۇڭىدا، بىر قولىدا ماي،
ئۇنىڭ خەلقى لاي سۇ ئىچىدۇ تاپالماستىن چاي.

ياشىغان ئۆلۈكلەر جەم بولۇشسا مەسخىرىگە ئامراق،
سېتىلمىلار كۆرسە ئەگەر مۇجاھىدنى قىلىشار مازاق،
ئاق قۇچقاچتەك چۇۋۇلدۇشار: « قارىغىنە بۇنى! ـ
سۇ تۇرمىدە بىزنى مۇستەقىل قىلماقچى ئاخماق ».

ھەي ئۇيغۇرۇم، سەن بىر ياشىغان ئۆلۈك بوپقالما!
خەلقئارادا غەيرى مەغلۇق كەبى كۈلكىگە قالما!
قارىغايدەك تىك تۇر ئەۋلات، سۇنۇق بوپقالما!
رەزىل دۈشمەن قولىنىدىغان مۈلۈك بوپقالما!

سۇ تۇرماسمۇ سېۋەتلەردە گەر سەۋەپ قىلساڭ،
قۇللۇق زەنجىرى يېشىلمەسمۇ ئاچقۇچىنى تاپساڭ،
ئەل سەكراتتا، ساقايماسمۇ دارىسىنى تاپساڭ،
ھۆر، مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان چارىسىنى تاپساڭ.

2001 ـ يىلى فېۋرال

## ئانا ۋەتەن

نەپىسە (گېرمانىيە)

ئاھ ئۇرۇپ قاخشايدۇ ۋەتەن دۈشمەن قولىدا،
تۇرۇپتۇ ئۇ يوق بولۇش خەۋپى ئالدىدا.
قان يىغلايدۇ ۋەتەندىكى جاپاكەش خەلقىم،
ئۈمىت ئىزدەپ ئارمىنىغا يېتەلمەي غەمكىن.
جاللات خىتاي چىش پاتقۇزۇپ ئەزىز ۋەتەنگە،
تولۇپ تاشقان بايلىقنى ئالدى ئىلكىگە.
ئەي جاناپلار ياردەم ئىتىڭ سۆكۈتتە تۇرماي،
چاقىرىدۇ خەلقىم سىزنى ئارزۇ ـ ئۈمىتكە.
نەچچە يىللار ياشاپ كەلدى زۇلۇم ئاستىدا،
يېتەر ئەندى چىداپ بولماس بۇنداق دەھشەتكە.
چىققىن ۋەھشى خىتاي بىزنىڭ ئانا ۋەتەندىن،
كەتكىن يوقال! سېرىق تۇپراق چۆلۈڭگە.
خەلقىم ساڭا ئەسلا بەرمەس ئەزىز ۋەتىنى،
گۈل ـ بوستانلىق، چىمەن باسقان مۇنبەت زىمىنى.
كۆزۈڭ چۈشتى يەر ئاستىدا ياتقان بايلىققا،
كۆزلىمىگىن تەگمەس سىنىڭ ئەسلا قولۇڭغا.
ئۇيغۇر ئېلى، ئۇيغۇر يېرى، ئۇيغۇر ۋەتىنى،
قۇياش كۆرمەي قارا بۇلۇت ئاستىدا قالدى.
جۇش ئۇرىدۇ يۈرىكىدە ھەر بىر ئۇيغۇرنىڭ،
باتۇرلارچە كۈرەش قىلىپ ئېلىش ۋەتەننى.
ئەي جەسۇرلار ئويغىنايلى غەپلەت ئۇيقۇدىن!
قۇتقۇزايلى ۋەتەننى بىز خىتاي قولىدىن.
خەلقىم مېنىڭ، ئېلىم مېنىڭ، ئالغا! كۈرەشكە،
ۋاقىت كەلدى ئانا ۋەتەن ئازات كۈنىگە.

• • • • • • • • • • • • •

## بوغۇلغان ھىسلار

ئۇيغۇر ئەزىزى

ئېزگۈ ھېسلىرىم كېچە ئاسمىنىدا ،
ئۆزىدۇ چېكى يوق ئالەمگە پىنھان .
ئىزدەپ يۇلتۇزدىن ئۆزىگە ھەمرا،
ئورتەيدۇ يۈرەكنى تۇغۇلغان ئارمان.

ئۇچراشتىم تەڭقىستا ئاي بىلەنمۇ،
ئېگىلدى ئاي قىزچاق « بەسسالام » دەپ.
مۇڭلانغان يۈرەكنى سېزىپ قالدىمۇ،
تەبەسسۇم ئەيلىدى « سىردىشايلى» دەپ.

كۆرۈشكە نېسىپ بولۇپتۇ بۈگۈن ،
كېلىپسىز قەدىمي تارىمدىن مېھمان.
ياشامسىز يەنىلا سايەم ئاستىدا ،
ئۇخلامدۇ ھازىرمۇ تەكتى ماكان؟

بوغۇلدى ھېسلىرىم كەلدىم ئۆزەمگە،
قالدۇرۇپ جاۋاپسىز ئاي قىز سوزىنى.
سانجىلدى زەپ ئاچچىق دەرتلىك يۈرەككە،
كېتىۋالدىم سايىسدا يۇمۇپ كوزۇمنى.

1999 ـ يىلى يانۋار (ئاقسۇ)

## تۆكۈلگەن قانلار !

قەييۇم مۇھىددىن (ئۆزبەكىستان)

كەل! چېلىشقا يارالغاچ، بەلنى باغلىدىم،
پولات بولۇپ ئۇيۇدى تېنىم ھەم قېنىم.
ئاتساڭمۇ ئاتوم بىلەن ئۆلمەسكە كەلدىم،
ۋەتىنىم ئەركى ئۈچۈن پىدا بۇ جېنىم.

ئوقۇدۇم تارىخنى قاپتىمەن غەپلەتتە،
قايندى ۋىجدانىم قانلىرىم قىزىپ.
ۋەتەندە « ۋەتەن! » دەپ تۆكۈلگەن قانلار،
ئۆلمەس روھ ياراتتى يۈركنى كېزىپ.

ئەي مۇجاھىد بىلەتتىڭغۇ جان قەدرىنى،
پاكى جانان، جاھان راھەت ھەم پەيزىنى.
بارىن ئۆلگە بولۇپ، زەيدۇن قەھرىمان،
ئالەم ئارا تونۇتتى ئۇيغۇر قەھرىنى.

«شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى» نەشر قىلدى

